# 42061 ـ ھاجەتخانىغا قۇرئان كەرىم بىلەن كىرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

ھاجەتخانىغا قۇرئاننى ئېلىپ كىرسە قانداق بولىدۇ؟، قۇرئان كەرىم ۋە لېنتىغا ئېلىنغان ئىسلامى پىلاستىنكىلارنى بۇنىڭغا قىياس قىلساق بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھاجەتخانىغا ئوخشاش ئورۇنلارغا قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ كىرىشنى ئالىملار كەسكىن ھارام دېگەن. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ كالامىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ، لېكىن ھاجەتخانىنىڭ سىرتىدا قويسا ئوغرى ئېلىپ كېتىش ياكى ئۇنتۇپ قىلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالسا، ئۇنى ساقلاش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ كىرسە گۇناھ بولمايدۇ.

ئەمما قۇرئان ئېلىنغان پىلاستىنكا لىنتىلىرىنىڭ ھۆكمى قۇرئاننىڭ ھۆكمىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا بىر نەرسە يېزىلمايدۇ، لېنتىدا مەلۇم ئۇسكىنىگە قويسا ئاۋاز چىقىدىغان بىر تەۋرىنىش بار، بۇنى ئېلىپ كىرسە بىر نەرسە بولمايدۇ.

پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھنىڭ: "ئايلىق ئوچۇق سۆھبەت" پىراگرامىسى 439/3.

شەيخ ىبن باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ھاجەتخىغا ئوخشاش ئورۇنلارغا مۇسھەپنى ئېلىپ كىرىش دۇرۇس بولمايدۇ، لېكىن زەرۆرەت بولۇپ قالسا جايىز بولىدۇ، ئۇنى سىرتتا قويۇپ قويسا ئوغرىلاپ كېتىشتىن ئەنسىرىسە ئېلىپ كىرسە بولىدۇ".

"ىبن باز پەتۋالار مەجمۇئەسى 30/10".

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.